1985
يىل
دېكابىر
№24 (218)
باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازادلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

گېزىت 1976- يىلى دېكابىردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

زامانداشىمىز

تالدىقورغان ئوبلۇسىنىڭ پانفىلوۋ رايونىدىكى «ئوكتەبىرنىڭ 40 يىللىغى» نامىدىكى كولخوز كوللېكتىۋى ئېلىمىزگە تونۇلغان مول ھوسۇللۇق كومۇقوناق ئۆستەرگۈچىلەردۇر. ئېگىلىكنىڭ ئىختىسادىنى يۇكسەلدۇرۇشتە جان پىدالىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ، نەمۇنە كورسىتىۋاتقان ئادەملەر بىر نەچچە ئونلاپ سانىلىدۇ.

سۇرەتتە: ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئاتاقلىق كومۇقوناق ئۆستەرگۈچى، سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى ئالىمجان بەختايېۋ.

زامانداشىمىز

ئوتكەن بەش يىللىقتا قىزىلئوردا شەھىرىدە ئېچىلغان تومۇر يول تېخنىكۇمى كېيىنكى يىللاردا جۇمھۇرىيىتىمىزدىكى بەلگۈلۈك ئوقۇش دەرگاھلىرىنىڭ بىرىسىگە ئايلاندى. ئۇنىڭدا ھازىر 460 تىن ئارتۇق قىز- يىگىتلەر بىلىم ئالىدۇ. تېخنىكۇمنىڭ ئىككى بولۇمىدە پاروۋوز ھايدىغۇچىلار، تومۇر يول سىستېمىسىنىڭ باشقىمۇ مۇتەخەسسىسلىكلىرى بويىچە كادىرلار تەييارلىنىدۇ. ئۇ يەردە ياشلارنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئېلىپ، ئۆزلىرى تاللىغان كەسىپنى پۇختا ئىگەللىشىگە ھەممە مۇمكىنچىلىكلەر بار.

سۇرەتتە: تېخنىكۇم ئوقۇغۇچىلىرى ئايمان قورغانبايېۋا بىلەن ئالپامىس بايزاقوۋ.

يېڭى يىل ھارپىسىدا

يىل مۇۋاپپەقىيەتلىرى ھەققىدە

ژىراق سەپەردىن ھېرىپ- ئېچىپ قايتقان باتۇر ئانا يۇرت قويىندا پۇت- قوللىرىنى بوشاشتۇرۇپ، يېڭى ياققان ئاپپاق قارغا، باش قىشنىڭ شاماللىرىغا ئۆزىنى سويگۈزۈپ، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن بىر دەقىقە ئۇيقىغا كەتكەندەك... بۇ باتۇر- قازاقستان.

بۇ ھەقىقەت. خەلقىمىز، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن قىزلىرى تارىخنىڭ ھەر بىر قىيىن سىناقلىرىدىن مەرتلەرچە ئوتكەن. جەڭلەردە دۇشمەنلەرنى مەردانىلارچە يەڭسە، تېچلىق دەۋرىدىمۇ زور جاسارەت ۋە ماتانەت بىلەن ئەمگەك ساداسىنى ياڭراتماقتا.

شەرىقتىكى ئالتاي بىلەن ئېرتىشتىن تارتىپ غەرىپتە ئاق جايىق بىلەن كاسپىيگە قەدەر، جەنۇپتىكى ئالاتاغ بىلەن يەتتىسۇ، سىر بويىدىن تارتىپ شىمالدىكى قىزىلجار، مۇغاجارغا قەدەر سوزۇلۇپ ياتقان بىپايان ئولكە، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سارىئارقا تەۋەسى «ئاق كورپىسىنى» يېپىنىپ، جانغا ئارام بېغىشلايدىغان ئەجايىپ تېچلىق قوينىغا پۇركەنگەن. گوزەل باھاردىن باشلانغان تىنىمسىز ھەرىكەت ئىسسىق ياز، سېخى كۇزدىن ئوتۇپ، قەھرىتان قىش دەرۋازىسى ئالدىدا تىنجىپ قالغاندەك.

بۇ يىل يېزا ۋە شەھەر ئاھالىسى، بارلىق خەلىق ئالاھىدە جاسارەت بىلەن ئەمگەك قىلدى. بۇ يىلقى ئەمگەك ھەقىقىي مەردانىلىق سىماسى بولدى. چۈنكى بۇ ئېلىمىز تەرەققىياتى يولىدىكى ئەھمىيەتلىك بىر دەۋر- ئون بىرىنچى بەش يىللىقنىڭ خۇلاسە يىلىدۇر. بۇندىن ئىلگەركى يىللارنىڭ يېتىشسىزلىكلىرىنى تولتۇرۇپ، مۇۋاپپەقىيەتلەرنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ ژۇقۇرى پەللىگە ئېرىشىش ۋەزىپىسى قويۇلغان ئېدى. جۇمھۇرىيەت پارتىيە ۋە ھوكۇمەت ئورگانلىرىنىڭ يېقىندا بولۇپ ئوتكەن مەجلىسلىرىدە بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ كوڭۇلدىكىدەك ئورۇنلانغانلىغى ئاتاپ ئوتۇلدى. «ئون بىرىنچى بەش يىللىق دېدى،- د. ئا. قونايېۋ ئىختىساتنى تەرەققىي ئەتكۇزۇش، ئىشلەپ چىقىرىش قۇۋۋىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش، ئەمگەكچىلەرنىڭ پاراۋەنلىگىنى ئاشۇرۇشتا يېڭى بىر بۇيۇك ئورلەش بولدى».

«ئون ئىككىنچى بەش يىللىقنىڭ بىرىنچى يىلىدا پلانلار ئىنتايىن زور ۋە جىددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز،- دېدى بۇندىن كېيىن جۇمھۇرىيىتىمىز رەھبىرى،- سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۇستىمىزدىكى يىلغا قارىغاندا 4،2 پروتسېنت ئاشۇرۇش ۋەزىپىسى تۇرىدۇ». ئىختىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەخسەتلىرىگە ئالدىمىزدىكى يىلى 20 مىلليارد 500 مىلليون سومدىن ئارتۇق خىراجەت سەرىپ قىلىنىدۇ. بۇ 24 مىلليارد دوللاردىن ئارتۇق. خەلىققە بىلىم بېرىشكە، پەن ۋە مەدەنىيەتكە 2 مىلليارد 278 مىلليون سوم، ساقلىقنى ساقلاش، بەدەن چىنىقتۇرۇش ۋە سپورتقا 912 مىلليون سوم، ئىجتىمائىي تەمىناتقا بىر مىلليارد 395 مىلليون سوم ئاجرىتىلدى. سوتسىيالىستىك جەمىيىتنىڭ مانا بۇ خىل غەمخورلۇقلىرى زور خوشاللىققا بولەش بىلەن بىللە ئىختىيارسىز ئويغىمۇ سالىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، كېلەچەك ھەققىدىكى ئويلار. مانا، ھازىر قازاقستان يېڭى يىل ھارپىسىدا ئەنە شۇنداق ئويغا چومۇپ، چوڭقۇر نەپەس ئالماقتا.

قۇرمانغالىي جازىباي ئوغلى.

قىسقا خەۋەرلەر

بىلال غەزەللىرى- قازاق تىلىدا

يېڭى يىل ھارپىسىدا قازاق ۋە ئۇيغۇر كىتاپخانلىرىنى خۇرسەن قىلغان چوڭ خوشاللىق يۇز بەردى.

ئالمۇتىدىكى «جازۇۋشى» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك شائىرى بىلال نازىمنىڭ غەزەللىرى قازاق تىلىدا يورۇق كوردى.

كىتاپ «ژۇقۇرى بەدىسي» قەغەز بىلەن سەككىز باسما تاۋاق ھەجىمدە چىقتى. كىتاپنىڭ نامى «ئۇيغۇر نەقشىلىرى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇ ئىككى بولۇمدىن: غەزەللەر بىلەن داستانلاردىن ئىبارەت. كىتاپنىڭ بېزەكلىرىنى رەسسام كۇرەش زۇلپىقاروۋ ئىشلەپ چىقتى. ئۇ كىتاپنى بېزەشتە خەلقىمىزنىڭ باي مىللىي نەقشىلىرىدىن كەڭ پايدىلاندى.

بىلال نازىم غەزەللىرىنى ئۇيغۇر تىلىدىن قازاق شائىرلىرى مارفۇغا ئايتخوجىنا بىلەن ئابلاي توگېلبايېۋلار تەرجىمە قىلغان.

ئاكتيور شەرىپىگە

يېقىندا «ھورمەت بەلگۈسى» ئوردېنلىق جۇمھۇرىيەتلىك دولەت ئۇيغۇر مۇزىكىلىق كومېدىيە تېئاترىدا قازاقستان س س ر خەلىق ئارتىستى مەخپىر قۇرۋان ئوغلى باقىيېۋنىڭ 70 ياشقا تولۇشىغا ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ 50 يىللىغىغا بېغىشلانغان تەنتەنىلىك كەچ بولدى. ئۇ كەسپىي ئۇيغۇر تېئاترىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ۋ. ئى. لېنىننىڭ رولىنى،باشقىمۇ ئورغۇنلىغان رولىلارنى ئوينىدى.

كەچنى قازاقستان س س ر مەدەنىيەت مىنىستىرى ژ. ئې. ئېركىنبېكوۋ ئاچتى. دوكلادچى ئۇيغۇر تېئاترى دىرېكتورىنىڭ ئورۇنباسارى ن. س. سابىروۋا ۋە سوزگە چىققان سەنئەت ئەرباپلىرى، جامائەتچىلىك ۋەكىللىرى توي ئېگىسىنىڭ ئىجادىيىتى توغرىلىق، ئۇنىڭ قازاقستان تېئاتىر سەنئىتىنى تەرەققىي ئەتكۇزۇشكە قوشۇۋاتقان سالماقلىق ھەسسىسى توغرىلىق ئىللىق سوزلەرنى ئېيتتى.

(قازتاگ).

قوش گېزەك قىزلار ئايگۇل (سولدا) بىلەن ئىرىسگۇللەر سېلىنوگرادتىكى تىببىي ئۇچىلىشېنىڭ كەچكى بولۇمىدە ئوقۇيدۇ. ئۇلار كۇندۇزى شەھەردىكى بىرىنچى ئاغرىقخانىدا ئىشلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قىزلار بىر ۋاقىتنىڭ ئوزىدىلا ھەم ئوقۇپ، ھەم ئىشلەپ ئوز مۇتەخەسسىسلىكلىرىنى مۇكەممەللەشتۇرمەكتە. ئايگۇل بىلەن ئىرىسگۇلنىڭ ئائىلىسى ئەسلىدە مال چارۋىچى. بۇلارنىڭ ئاتا- ئانىسى قاراغاندا ئوبلۇسىنىڭ «نۇرا» سوۋخوزىدا ئەمگەك قىلىدۇ.

سوۋېت ئادەمىنىڭ پەزىلىتى

...تېپلوۋوزغا بېكىتىلگەن ۋاگونلاردىن بىرسىگە ئەگىشىپ ئۇزۇك بېسىلغان ھويلىغا كىرگىنىمىزدە ئابدۇئەلىنىڭ يېنىدىن بىر ئەچچە ئادەم چىقىپ كەلدى.

—خوشاللىغىڭ مۇبارەك بولسۇن! بارىكاللا!

تەرەپ- تەرەپتىن،- بەخت دېگەن مانا موشۇ،- دېگەن سوزلەر يېغىپ كەتتى.

—مانا، ئوقۇپ باق!- دەپ، ئۇلار قولىغا «پراۋدا» گېزىتىنىڭ 18- ئوكتەبىردىكى سانىنى ئۇتقازدى.

گېزىتىنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى كورىنەكلىك جايىغا س.س.س.ر ئالىي سوۋېتى رىياسەتتىنىڭ پەرمانى بېسىلغان. ئۇنىڭدا **«تومۇر يول قاتنىشى خىزمەتچىلىرىگە سوتسىالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى ئاتىغىنى بېرىش»** توغرىلىق پەرمان ئېلان قىلىنغان. پەرماندا خەلق ئېگىلىگى ۋەكىلىرىنى توشۇش ئىشىدا ئېرىشكەن مۇۋاپپەقىيەتلىرى ۋە ئەمگەكتە كورسەتكەن جاسارىتى ئۇچۇن چىمكەنت ئوبلۇسى بىرىنچى ئارىس ستانسىيەسىنىڭ پويىزد قۇراشتۇرغۇچىسى **بالغىنبېكوۋ ئابدۇئەلىگە سوتسىالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى ئاتىغى بېرىلىپ، لېنىن ئوردېنى ۋە «ئوغاق بولقا» ئالتۇن مېدالى تاپشۇرۇلسۇن،**- دېيىلگەن ئىكەن.

سايىۋەن دەرەق

(ئوچېرك)

بۇ ئەبېكېنىڭ بىرىنچى مۇكاپاتى ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەر قانچە ئېغىر بېسىق بولسىمۇ يۇزلىرى خوشاللىق تەبەسسۇمى بىلەن قىزىرىپ، ۋۇرەكلىرى ھاياجاندىن ئورۇپ كەتتى.

ھاياتىنىڭ ئەنە شۇنداق بەختىيار دەملىرىدە ئادەم ئىختىيارسىز ئوزىنىڭ ئوتكەن يوللىرىنى ئەسلەيدۇ. ئەبدۇئەلىمۇ ئوزىنىڭ پائالىيىتى توغرىلىق مۇنداق دېدى:

—مېنىڭ باللىق ۋىللىرىم مۇدھىش ئۇرۇش دەۋرىگە توغرا كەلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا بىز كولخوزدا ياشاتتۇق. دادام ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۇنلىرىدىلا مەيدانىغا ئاتلانغان ئىدى. كوپ ئوتمەي ئۇ ھەققىدە قارا خەت كەلدى. بىز باللار كېچىنى كېچە، كۇندۇزنى كۇندۇز دېمەي چوڭلار بىلەن تەڭ ئېتىزدا ئىشلەپ، ئاشلىق ئېرىپ ئۇنى ۋىغىشقا ياردەملەشتۇق. ئۇلۇق غەلىبىمىزنى يېقىنلىتىشقا ھەسسە قوشتۇق.

ئابدۇئەلى ئاندا- ساندا شەھەرگە كېلىپ ۋۇرۇپ، تومۇر يول، ستانسىيە يېنىدىن ئوتكەندە تومۇر يولچىلار ئىشىغا قىزىقىدىغان بولدى. ئارقا- ئارقىدىن تىزىلىپ ئوتىۋاتقان ۋاگونلار، يولۇچى پويىزلىرى، ئۇلارنى ئۇياق- بۇ ياققا ئېلىپ كېتىۋاتقان پاراۋوزلارغا زوقلىنىپ قاراتتى. بەزىدە، ھەتتا، «موشۇ تومۇر يولدا ئالامەت ئادەملەر ئىشلىسە كېرەك» دېگەن ئويغىمۇ كېلەتتى. ئۇرۇش تامام بولغاندىن كېيىن ئائىلىنى بېقىشقا توغرا كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئوقالماي، تورتىنچى سىنىپ بىلىمى بىلەن دەسلەپ ۋاگون دېپوسىغا سلېسار بولۇپ ئىشقا كىردى. كوپ ئوتمەيلا كولليېكتىۋقا ئۇگىنىپ، ئىشنىمۇ ئوزلەشتۇرىۋالدى.

شۇنىڭدىن بېرى ئوتتۇز ۋىل ئوتۇپتۇ. «دەرەق بىر جايدا كوكىرىدۇ» دېگەن مانا شۇ.

...ۋىللار بولسا ئوتىۋەردى. ستانسىيەگە يېڭى تېخنىكىلارمۇ كوپلەپ كېلىشكە باشلىدى. كونىچە ئىشلەۋېرىشكىمۇ بولماي قالدى. تېخنىكىنى ئوزلەشتۇرۇش ئارقىلىق ئىش شارائىتىمۇ ياخشىلاندى. يېشىنىڭ چوڭىيغانلىغىغا قارىماستىن ئابدۇئەلى يەنە بىر يېڭى ئىشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئايالى بازارگۇلگە:

—مەن مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرسەم،- قانداق دەيسەن؟

بازارگۇل نېمە دېيىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى.

—يېشىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، قىسلماي، خىجالەت بولماي، بەشىنچى سىنىپقا كىرىپ قانداق ئوقۇيسەن؟- دېدى.

—بىلىم ئېلىش ھېچ قاچان كېچىكمەيدۇ. ئىشتىن كېلىپ ئويدە ياتقىچە كەچلىك مەكتەپكە باراي. دەسلەپ باللار كۇلەر. رۇس خەلقىنىڭ ئۇلۇق ئالىمى لومونوسوۋمۇ كىچىك باللار بىلەن بىللە ئوقۇغان ئىكەن،- دەپ سوزىنى كېسىپلا ئېيتتى.

ئابدۇئەلى ئېيتقىنىنى قىلىدىغان ئادەم. شۇ ۋىلى ئۇ كەچلىك مەكتەپكە يېزىلىپ، ئالتە ۋىل ئوقۇپ، ئوتتۇرا مەلۇمات ئېلىپ چىقتى.

—ئوتتۇرا بىلىم ئالغىنىم، ئىشىمنى ياخشى ئىشلىشىمگە كوپ ياردەم قىلدى. قاتناشقا كوچمە رادىو ستانسىيەلەر كېلىپ، پايدىلىنىشقا باشلىدۇق. بۇ قۇراشتۇرغۇچىلارنىڭ ئىشىنى كوپ يېنىكلەشتۇردى.

بىرىنچى ئارىس ستانسىيەسىدىن ھەر كۇنى يۇزلىگەن ۋاگونلار تەرەپ- تەرەپلەرگە يول ئالىدۇ. ئاساسىي ۋەزىپە- ۋاگونلارنىڭ بوش تۇرۇپ قېلىشىغا يول قويماسلىق. ئابدۇئەلى ۋاگونلارنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى قىسقارتىش ھېساۋىغا 500 ۋاگون ئىختىسات قىلغان. يەنى بۇ خەلق ئېگىلىگىنىڭ مىڭلىغان توننا ۋۇكى قوشۇمچە توشۇلدى دېگەن سوز.

ئابدۇئەلى بالغىنبېكوۋ، ئىشىدىمۇ، ئائىلىدىمۇ بەختىلىك. ئۇلار ئايالى بازارگۇل ئىككىسى 9 بالىنى تەربىيەلەپ ئوستۇرىۋاتىدۇ. بىر بالىسى تىببىي پەنلىرى بويىچە ئالىم. بۇ ئائىلىدە ئىنژېنېرلار، تېخنولوگلارمۇ بار. كىچىك بالىسى پايتەختتىكى جۇمھۇرىيەتلىك مەخسۇس ماتىماتىكا مەكتىۋىدە ئوقۇيدۇ. ئۇ باللىرىنىمۇ ھاياتتا ئاددىي، ئەمگەكچان، ئادىل بولۇشقا ئۇگەتكەن.

ك. شاكىروۋا.
چىمكەنت ئوبلۇسى.

سۇرەتتە: قازاقستان س.س.ر ئالىي سوۋېتىنىڭ دېپۇتاتلىرى سوتسىالىستىك ئەمگەك قەھرىمانلىرى ك. دېمېۋبايېۋ، ج. سەۋېربايېۋا، ۋ. دىتيۇك، ئا. قىستاۋبايېۋا، ج. تاسپانبېتوۋلار مەجلىس ئارىسىدىكى تەنەپپۇستە.

يول بويىدىكى گۇللەر

جۇمھۇرىيەت ئاۋتوموبىل يوللىرى مىنىسترلىگىنىڭ «قارغالى» ساناتورىي- پروفىلاكتورىيسىنىڭ يېنىدا يېقىندا قازاقستان س.س.ر خەلق ئېگىلىگى مۇۋاپپەقىيەتلىرى كورگەزمىسىنىڭ دىپلومى بىلەن مۇكاپاتلانغان گۇلخانىلار جايلاشقان.

بۇ گۇلخانىلار ئالمۇتىدىكى بىردىن- بىر لىمونارىي، تېپلىتسىنىڭ چىرايلىق گېربېرى گۇللىرىنى، كاكتۇسلارىنى، شىپالىق ئانار، ھەر خىل باھالىق كوچەتلەرنى ئوستۇرۇش بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ يەردە، شۇنداقلا ئاۋتوموبىل يوللىرىنىڭ بويىدا ئوستۇرىلىدىغان گۇللەرنىڭ 28 خىلى بار.

پروفىلاكتورىيلاردىكى قىشلىق باغلارنى زىنەتلەش ئۇچۇن بەلگۇلەنگەن قاچا گۇللەرنى نامايىش قىلىش ئۇچۇن كورگەزمە زالى جابدۇلغان.

(قازتاگ).

قەدىمىي قازاق زېمىنىدا

ئارىستوتېل ۋە گېرودوت، پومپېي تورگ، سترابون كەبى قېدىمىي تارىخچىلارنىڭ يازغانلىرى بۇگۇنكى كۇندە ئارخېولوگلارنىڭ، ئانتروپولوگلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدا ئىسپاتلىنىپ تېپىپ 6- ئەسىرگىچە ساق، سكىف ئاتىلىپ كەلگەن كوچمەنلەر قەبىلەلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىي نامى ئېكەنلىگى ئېنىقلانماقتا. تۇرمۇش كەچۇرۇش ئادەتلىرىنى تەبەتكە ئاھاڭداش شەكىللەندۇرگەن كوچمەنلەر ئېرامىزنىڭ 6- ئەسىرىدىن تۇركىلەر دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. تۇركىيلەر توغرىلىق خىتاي، ئەرمەن، رىم، ئىران ۋىلنامىلىرىدا 6- ئەسىردىن باشلاپ ئوزلۇكسىز يېزىلىپ كەلگەنلىگىنى كورىمىز.

تۇركىي دېگەن نامنىڭ قانداق مەنانى بېرىدىغانلىغى توغرىلىق زورو ئاستىرىزمىنىڭ «ئاۋېستا» كىتاۋىدا ئېرامىزدىن مىڭ ۋىل ئاۋال يېزىلغان. ئۇنىڭدا شەرىققە قاراپ قاناتلىق ئات بىلەن كوچۇدىغان ئەلنىڭ «تۇر» دەپ ئاتىلىدىغانلىغى، ئۇلار توختاپ، قونىدىغان يەرنىڭ «تۇران» دەپ ئاتىلىدىغانلىغى ئېيتىلغان. قېدىمىي رىم تارىخچىسى پومپېي تورگ بۇگۇنكى قازاقستان تەۋەسىدە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئوزىدىلا تونۇلۇشقا باشلىغان ساق، ماسساگېت، قاس، ئارىماس، ئارغىمپېي، جىرىق كەبى قەبىلەلەر بىلەن بىللە تۇرۇك قەبىلىسىنىڭمۇ بولغانلىغىنى تەكىتلەيدۇ.

تۇركىي خەلقلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولۇشى ھازىرقى قازاقستان، جەنۇبىي سىبىر، مەركىزىي ئازىيە ئولكىلىرىدە كوچۇپ، قونۇپ ۋۇرگەن قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. بىر پۇتۇن تۇرۇك ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەپچى بولغان تۇركىي تارىختىكى تىلغا ئالارلىق سەردار- قاغانلار ئىستېمىس ۋە بۇمىن بولدى.

ئەگەر قازاق دالاسىدىكى ۋىلنامىنى ئىزدەپ كورۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ باقساق، بېشىدىن تالاي- تالاي ئىسسىق- سوغلارنى كەچۇرگەن خەلقىمىزنىڭ قىسمىتى روشەنلىشىدۇ. بۇ قىيىن- قىستاق دەۋرلەر توغرىلىق دېرەكلەر كوپ بولۇپ ئۇلار تارىخىي ئەمگەكلەردە سىستېمىلىق ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. ئەنە شۇ دېرەكلەرنى سىنچىلاپ ئۇگىنىپ چىقساق، موشۇنداق ئۇلۇق دالادا ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ بىر قىسمى ساقلار، ھۇنلار، ئۇسىيۇنلارنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىغىغا كوڭۇل بولۇپ، تۇرۇك قاغاناتى ئەنە شۇنداق دالا قەبىلىلىرىنىڭ بىۋاستە داۋامى ئېكەنلىگىنى چۇشىنىپ ئالار ئىدۇق. بۇ دالا قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىپ، غەرىپ- شەرىق مەلۇماتلىرىدا، ۋىلنامىلىرىمىزدا قاغانات- ئۇلۇق دولەت سۇپىتىدە تونۇلغان پەيتى ئىدى (6- ئەسىر). موشۇ بىرلىشىش يېنىسېي بويىدىكى قىرغىزلار كېلىپ قوشۇلغاندا، ئامۇر بىلەن پامىر ئارىلىغىدىكى پايانسىز ئۇيغۇر خانلىغى ئارىلىشىپ كەتكەندە چەكسىز دالادىكى ھايات تەرزى تارىخىي- ئىجتىمائىي تۇسكە ئېگە بولغىنىنى بايقايمىز. شەھەرلەر بەرپا قىلىش، يەر سۇغىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، شۇنداقلا يېزىش، سىزىش ئىشلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى شۇ دەۋرىدىكى تەرەققىياتقا ماس ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قازاقستاننىڭ جەنۇبىي شەرقىدە 8- ئەسىردە تۇرگەش، قارلۇق قاغاناتلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇلار بەلگۇلۇك قاراخانىيلار دولىتىگە قوشۇلۇپ كەتتى. 10- 11- ئەسىرلەردە يەتتىسۇ تەۋەسىنىڭ كوپچىلىك قىسمى قاراخانىيلار دولىتى قارمىغىدا بولدى. 9-11- ئەسىرلەردىكى قازاقستاننىڭ جەنۇبىي- غەربىي ۋە غەربىي قىسمى ئوغۇز قەبىلىلىرى بولۇپ بىرلەشتى. 7-9- ئەسىرلەردىكى قازاقستاننىڭ شىمالىي- شەرقىي تەۋەسىدىكى قەبىلىلەر قىماقلار دېگەن نام بىلەن مەلۇم بولدى. مەزكۇر قەبىلىلەرنى ھەر خىل ئەللەرسەياھەتچىلىرى ئەينە شۇنداق ھەر خىل ئاتاپ كەلگەن. ھەر ھالدا پايانسىز موشۇ دالادا 6- 15- ئەسىرلەردە ياشىغان قىپچاق قەبىلىسىنىڭ ئاسماندىن چۇشۇپ قالمىغانلىغى، جوغراپىيە بىلەن ۋېنگرىيەنىڭ ئارىسىدىكى دالانى ماكانلىغان قەبىلىلەردىن تەركىپ تېپىپ تارىخ مەيدانىدا پەيدا بولغانلىغى پەن ئالىمىگە ياخشى مەلۇم.

ئەينە شۇ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مىڭ ۋىللىقلارنىڭ ئۇتاشقان ۋاقتىدىكى قازاق دالاسىدىكى تارىخىي- ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي رىۋاجلىنىشنىڭ ئالاھىدە بايقالغان پەيتى بولدى. دەشتى قىپچاق دەپ ئاتالغان دالادا ھەم ئولتىراقلىق، ھەم كوچمەن ھايات بىر- بىرسىگە ئۇيغۇن كېلىپ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى ئارىسىدىكى بىرلىشىش ھادىسىلىرى مۇمكىن قەدەر كوپەيدى. مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى تارىخىي شارائىتلاردا پارچىلانغان تۇركىي تىللىق خەلقلەر مەنىۋىي مەدەنىيىتىنىڭ ساقلىنىشىغىمۇ ياردەم بەردى. قازاق، قىرغىز، ئوزبەك، قاراقالپاق، باشقۇرت، تاتار، نوغاي كەبى مىللەتلەرنىڭ مەنىۋىي مىراسلىرىدىكى، ئورپى- ئادەت، ئەنئەنىلىرىدىكى

تىلشۇناس ئالىم

ئۇيغۇر تىلشۇناسلىغىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىپ، رىۋاج تېپىشىغا ئۆزىنىڭ ئەمگەكلىرى بىلەن زور ئۈلۈش قوشۇپ كېلىۋاتقان كورنەكلىك ئالىملىرىمىزنىڭ بىرى— قازاقىستان س.س.ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ئۇيغۇرشۇناسلىق بولۇمىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى تۇغلۇقجان تالىپ ئوغلى تالىپوۋتۇر.

تۇغلۇقجان ئاكا 1927– ژىلى ئۇيغۇر رايونىغا قاراشلىق كەتمەن يېزىسىدا دېخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئوسمۇرلۇك دەۋرى ئۇرۇش ۋاقتىغا توغرا كەلدى. مەيدانغا ئاتلانغان ئاتىلار بىلەن ئاكىلارنىڭ ئەمگەكتىكى ئورنىنى ئايالار بىلەن بالىلار باستى. ئەشۇ ئېغىر كۇنلەرنى ئەسلىگەندە ئۇ: «ھەر ھالدا، شۇ مەزگىلدىكى ھاياتنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا ياش بولساقمۇ، تولۇق بەرداشلىق بېرىپ، مەيدانىنى ئوزۇق– تۈلۇك بىلەن قامداشتەك چوڭ ئىشلارنىڭ ھودىسىدىن چىقتۇق»،– دەيدۇ.

1943– ژىل 21– يانۋار كۇنى تۇغلۇقجان ئاكا ژۇتداشلىرى قاتارىدا ھەربىي خىزمەتكە چاقىرتىلىپ، ژىراق شەرىققە ياپون جاھانگىرلىرىغا قارشى كۇرەشكە ئاتلىنىپ، ئۇرۇشتىن كوكسىگە «ۋەتەن ئۇرۇشى» ئوردېنى بىلەن بىر نەچچىلىگەن مېداللارنى قاداپ ئابروي بىلەن ئوز ژۇتىغا قايتتى. ئۇ ھازىر ئۇرۇش ۋە ئەمگەك ۋېتېرانىدۇر.

تۇغلۇقجان ئاكىنىڭ بىلىمگە بولغان خۇشتارلىغى ئۇنىڭ ياركەنت شەھىرىدىكى مۇئەللىملەر تەييارلايدىغان ئۇچىلىشىگە چۇشۇشىگە سەۋەپچى بولدۇ. ئۇنى 1949– ژىلى ئەلا باھالار بىلەن تاماملاپ، ئاباي نامىدىكى قازاقىستان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ قازاق تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندۇ. ئىنستىتۇتتا ئاتاقلىق پروفېسسور، دوتسېنتلاردىن تەلىم ئالغان تۇغلۇقجان قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇر– تۇڭگان سېكتورىنىڭ ئاسپىرانتۇرىسىغا ئوقۇشقا چۇشىدۇ. ئۇنى تامام قىلغاندىن كېيىن شەرىقشۇناسلىق سېكتورىغا كىچىك ئىلمىي خادىم بولۇپ خىزمەتكە كىرىدۇ. 1960– ژىلى ئاكادېمىك



ئى. ك. كېڭسباييۋ رەھبەرلىگىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى بويىچە كانديداتلىق دىسسېرتاتسىيە ياقلىسا، 1983– ژىلى «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىلىق سىستېمىسى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرى» دېگەن ماۋزۇدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھىمايە قىلىدۇ.

تۇغلۇقجان ئاكا بۇ كۇنلەردە تىل بىلىمى بويىچە ئىلمىي– تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان، كوزگە كورۇنگەن ئالىملىرىمىزنىڭ بىرى. «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىغا دائىر قىسقىچە مەلۇمات» (1958)، «ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار» (1968)، «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى» (1984)، «4–6–7– سىنىپلار ئۇچۇن ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»، «4–سىنىپنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسلىگىگە مېتودىكىلىق يول– يورۇق» قاتارلىق مونوگرافىيە ۋە باشقىلار ئالىمنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپتۇر.

ئۇ ئىلمىي ئىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن جەمىيەتلىك ئىشلارغىمۇ ئاكتىۋ قاتنىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئالتىنسارىن نامىدىكى پېداگوگىكا ئىلمىي– تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىلمىي كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا تۇركىي تىللار بويىچە كانديداتلىق دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئىختىساس...كېڭەشىنىڭ ئىلمىي كا... ...يغۇرشۇناسلىق بولۇمى ئىلمىي سوۋېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

تالىپوۋلار ئائىلىسى ھەممىگە ئۈلگە بولارلىق ئىناق، بەختلىك ئائىلىدۇر. مېھرىۋان، خۇشخوي ئايالى ئايشەم ھەدە ئوتتۇز ژىلغا يېقىن مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلىپ، ھازىر ھورمەتلىك دەم ئېلىشتا. قىزى ئاسىيەم ئانا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇچۇن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇماقتا.

بىز تۇغلۇقجان ئاكا تالىپوۋنىڭ 60 ژىللىق تويىنى قىزغىن ۋە سەمىمىي تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا سالامەتلىك ۋە ئۇتۇقلار تىلەيمىز.

ز. ئىسلاموۋا،

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ يېنىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق بولۇمىنىڭ كىچىك ئىلمىي خادىمى.

نەشرىيات توھپىسى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئالمۇتىدىكى «پەن» نەشرىياتى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بولۇمى تەييارلىغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»ناملىق كىتاپنى بېسىپ چىقاردى. فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى غ. سەدۋاقاسوۋ تەھرىرلىگىدە نەشر قىلىنغان مەزكۇر كىتاپ «مۇقەددىمە»، «قېدىمىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «يۇسۇپ خاس ھاجىپ»، «15– 16– ئەسىرلەر ئەدەبىياتى»، «مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي»، «19– ئەسىر ئەدەبىياتى»، «ئابدۇرەھىم نىزارىي» (1776– 1849)، «نورۇزاخۇن زىيايى»، «بىلال نازىم» (1825– 1900)، «بىبلىوگرافىيە» دېگەن بولۇملەردىن ئىبارەت.

كىتاپتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قېدىمىي زامانلاردىن تارتىپ يازما يادىكارلىقلارغا ئىگە بولغانلىغى ئالاھىدە ئاتاپ كورسىتىلىدۇ. بۇ خۇسۇستا كوپلىگەن ئىلمىي مەنبەلەر موجۇتتۇر. ئۇلاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ بارلىق دەۋرلىرى ئالاھىدە بېرىلگەن. چوڭ مەدەنىي مەركەزگە ئايلانغان قەشقەردە يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقەرىي ئوخشاش ئۇلۇق ئەدىپلەر، مۇتەپەككۇرلەرنىڭ زور ئىجادىي پائالىيەت قىلغانلىغى تەكىتلەنگەن.

دۇنياۋىي مەدەنىيەت غەزىنىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق داستانى 11– ئەسىردە قەشقەردە يېزىلغاندۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇق ئالىمى ۋە شائىرى مەھمۇت قەشقەرىي ئۇچ تومدىن ئىبارەت «دىۋانۇ لوغەتىت تۇرك» (تۇركىي تىللارنىڭ لوغىتى) ناملىق بېباھا ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مۇئەللىپى.

«دىۋانۇ لوغەتىت تۇرك»، «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا كەڭ مەلۇم. ئۇلار ئوزبەك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنغان.

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى ئۇگىنىش، تەكشۇرۇش ئىشلىرى ئاساسەن ئوكتەبر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن باشلاندى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» كىتاۋى ئالىملار س. موللاۋۇدوۋ، ئۇ. مەمەتاخۇنوۋ، ئى. سەيدۇللايېۋ، د. روزىيېۋا، ي. مۇخلىسوۋلار تەرىپىدىن يېزىلغان.

د. سارغوجىن.

ئوخشاشلىقنىڭ ئەينە شۇنداق تومۇرىنى تارىخىي جەھەتتىن ئارىلاشقانلىغىدىن ئىزدەش كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن قازاق دالاسى موڭغۇل ئىستىلاسىغا دۇچ كەلدى. بۇ يەردە ئېيتىپ ئوتۇدىغان بىر تارىخىي ھەقىقەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قازاق دالاسىنىڭ كوپلىگەن قەبىلىلىرى ئارىسىدا موڭغۇل ئىستىلاسى قانلىق ئۇرۇش قىلىش ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەخسەتنى ئورتاقلاشتۇرۇش يۇسۇنىدا يۇز بەردى. بۇنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئىسپاتى سۇپىتىدە موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ بېسىم كوپچىلىگى كېلەچەكتىكى قازاق خەلقىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان قەبىلىلەر ئېكەنلىگىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. غەرىپ بىلەن شەرىقنىڭ مىڭلىغان تارىخىي ئەمگەكلىرىنى تىلغا ئالمىغانىنىڭ ئوزىدىمۇ، «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي ژىلنامىسىدا» (بايان– ئولگېي، 1978– ژىل، قازاق تىلىدا) چىڭگىزخان ئەۋلادىنىڭ ئارقا تىرىگى ئايمان كېرېي، ئارغىن، قوڭرات ئوخشاش ئۇرۇقلارنىڭ بولغانلىغى ئېنىق كورسىتىلىدۇ. مانا شۇنداق تارىخىي دەۋردە قازاق دالاسىدا جوشى ئۇلۇسى (ئىمپېرىيەسى) پەيدا بولدى. (13– ئەسىر). مەزكۇر ئۇلۇس ئاق ئوردا ۋە كوك ئوردا دەپ ئىككىگە بولۇندى. ئاق ئوردا شەرىقتە جەنۇبىي سىبىر، ئالتاي، تارباغاتاي تەۋەلىرىدىن باشلاپ، بېپايان سارى ئارقا دالاسىنى، يەتتىسۇنىڭ تەسكەي تەرىپىنى، سىردەريا، ئارال دېڭىزى بويىنى ئىگەللەپ، 15– ئەسىردە ئاق ئوردا ئىككىگە بولۇنۇپ، قازاق– نوغاي ھەم قازاق– ئوزبەك دەپ ئاتىلىدىغان فېودالىق خانلىقلارنى قۇرۇدۇ. 15– 18– ئەسىرلەردە ئىناق قازاق– نوغاي خانلىغى توبىلدىن ئېدىلغىچە ئارىلىقتىن ماكان تۇتتى. قازاق– ئوزبەك خانلىغى بولسا، ئارال بىلەن سىر دەريانىڭ شىمالىي ساھىلىدىن توبىل بىلەن ئېرتىش دەرياسىغا قەدەر سوزۇلغان زېمىننى ئىشغال قىلدى. شۇ پەيتتىكى قازاق ۋە نوغايلارنىڭ شايبانىي خان باشچىلىغىدىكى ئوزبەك ۋە قازاقلارنىڭ پارچىلىنىشى دالالارنى ماكان قىلغان قەبىلىلەرنىڭ خېلە دەرىجىدە چېچىلاڭغۇ بولۇپ، ھالسىزلىنىشىغا ئېلىپ كەلدى. لېكىن سەھرادا چېچىلغان قەبىلىلەر چەتتىن كەلگەن دۇشمەنلەرگە قارشى كۇرەشكە چىقالاتتى. 17– 18– ئەسىرلەردە قازاق خەلقىنىڭ جوڭغارلارغا قارشى كورىشىپ، ئوز ئازاتلىغىنى قوغداپ قالالىغانلىغى بۇنىڭ تارىخىي ئىسپاتىدۇر.

دېمەك، «ھازىرقى قازاقىستان بىلەن ئوتتۇرا ئازىيەدە ياشايدىغان قازاق، قىرغىز، ئوزبەك، تاجىك، تۇركمەن، قاراقالپاق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ئەۋلادى ئەزەلدىن موشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئوسكەن».

ئاقسېلېۋ سېيدىمبېكوۋ.

قېرىنداش قىرغىزستاندا



ئۇنىڭدىن ئەل رازى

مەكتەپتە ئوقۇپ ژۇرگەن چاغلىرىدىلا ئاناتومىيە بىلەن بىولوگىيەگە قىزىققان باتۇرخان قىرغىزستان دولەت تىببىي ئىنستىتۇتىنى پۇتتۇرگەندىن كېيىنكى بەش ژىلدىن بېرى فرۇنزې شەھىرىدىكى زامانىۋىي تىببىي ئاپپاراتلار بىلەن جابدۇقلانغان خىرۇرگىيە ئاغرىقخانىسىدا خىرۇرگ – دوختۇر بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

–ئوتكەن ژىلى،– دەيدۇ پروفېسسور مەمبېت مامكېيېۋ،– ئۇشبۇ ئاغرىقخانىدا 641 ئادەم ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، جەمىيەت ئىشىغا قايتا قوشۇلدى. بۇ بىزنىڭ قولغا كەلتۇرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز بولۇپ ھېساپلانسا، بۇ جەھەتتە باتۇرخان نىيازوۋقا قانچىلىك تەشەككۇر ئېيتسا يەنە ئازلىق قىلىدۇ.

ئاشقازان، بورەك، تال، ئۇچەي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاغرىقلارغا گىرىپتار بولۇپ، ئاخىرىدا ب. نىيازوۋنىڭ داۋالىشى، ئوپېراتسىيە قىلىشى ئارقىلىق ساقايغان ئورغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن رازى.

ت. قۇربانوۋ.

كولخوزنىڭ ساغلاملاشتۇرۇش دەرگاھى

ھازىر دېكابىر بولسىمۇ، لېكىن ك. ماركس نامىدىكى كولخوزنىڭ يېڭى ستادىئونىدا خۇددى ياز پەسلىدىكىدەك ئىسسىق. بۇ يەردە چىمەن ئۇستىدە ئوينىلىدىغان خوككېي بويىچە ئايالار كوماندىلىرىنىڭ، يېنىك ئاتلېتلارنىڭ، چېلىشچىلارنىڭ ۋە ئات سپورتچىلىرىنىڭ مۇسابىقىلىرى بولۇپ ئوتتى.

كولخوزدا فىزكۇلتۇرا ۋە سپورتنى تەرەققىي ئەتكۇزۇشكە چوڭ كوڭۇل بولۇنمەكتە. توققۇز تۇرلۇك سپورت سېكسىيەلىرىدە 300 دىن ئوشۇق ئادەم مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. ئىلگىرى كولخوزنىڭ سپورت بازىسى بولمىغان ئېدى، شۇنىڭدىن كېيىن كولخوز باشقارمىسى مەركىزىي مەلىدە بىر پۇتۇن كومپلېكس– زاللار ۋە مەيدانچىلارغا ئىگە ستادىئون سېلىشنى قارا قىلدى. كوپلىگەن ئىشلارنى ياشلار ئوزلىرى قىلدى. مەزكۇر يېڭى ستادىئون بىر مەزگىلدە ھازىر ئوزلىرىنىڭ كۇچ– قۇۋۋىتى بىلەن ئاددىي سپورت ئىنشائەتلىرى ھاسىل قىلىنىۋاتقان ژىراقتىكى قىشلاقلاردا فىزكۇلتۇرا ۋە سپورت ئىشلىرىنى تەرغىپ قىلىش ھەم ئۇيۇشتۇرۇش بويىچە مېتودىكىلىق مەركەز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىماقتا.

لېنىناباد ئوبلۇسى.
قىرغىزستان س.س.ر.
(تاس س).

ئۇيغۇر تىياترىنىڭ يېڭى مەۋسۇمى

يېقىندا ئالمۇتىدىكى «ھور- مەت بەلگۈسى» ئوردېنلىق جۇمھۇرىيەتلىك دولەت ئۇيغۇر مۇزىكىلىق كومېدىيە تىياترى ئۆزىنىڭ 51- مەۋسۇمىنى باشلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن گېزىتىمىز مۇخبىرى ئابدۇكېرىم راخمانوۋ، تىياترىنىڭ باش رېژىسسيورى، قازاقىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن سەنئەت ئەربابى قادىر راخىمباي ئوغلى جېتپىسبايېۋكە يولۇقۇپ سوھبەتلەشكەن ئىدى. بىز ئۇنى گېزىتخانلىرىمىز دىققىتىگە ھاۋالە قىلىۋاتىمىز.

مۇخبىر. قادىر راخىمباي ئوغلى! پايتەخت خەلقى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن تىياترىنىڭ يېڭى مەۋسۇمى يەنىلا «ئانارخان» مۇزىكىلىق دراممىسى بىلەن ئېچىلدى. ھەر يېڭى مەۋسۇمنى «ئانارخان» بىلەن باشلاش تىياترىنىڭ ئەنئەنىسىمۇ؟

رېژىسسيور. توغرا دەيسىز. دراماتورگلار ج. ئاسىموۋ بىلەن ئا. سادىروۋلار تەرىپىدىن 1934- ژىلى يېزىلغان مەزكۇر تراگېدىيەلىك دراما يېرىم ئەسىردىن بۇيان سەھنىدىن چۈشمەي كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئاساسى سەۋەپلىرىنىڭ بىرى، ئەسەردە مىللىي پۇراقنىڭ كۈچلۈكلىگىدە. پيەسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توي مەراسىملىرى، توي ئادەتلىرىدىن تارتىپ باشقىمۇ مىللىي ئۆرپ- ئادەتلىرى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىغا قەدەر ئازاپ- ئوقۇبەتتە ھايات كەچۈرگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق تەغدىرى، باي- فېوداللار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان ساپ مۇھەببەت بۇ سەھنە ئەسەرىنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسى. ئوتمۇشنى ئۇنتۇماسلىق، بۈگۈنكى ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىش دېمەكتۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «ئانارخان» تراگېدىيەسىنىڭ بولۇپمۇ ياش تاماشىبىنلار ئۈچۈن تەربىيەۋىي ئەھمىيىتى زور.

مۇخبىر. ھازىرقى زامان تاماشىبىنلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋيەسى ۋە قۇۋۋىتى، دىتى ئۆستۈن، تىياترغا قويىدىغان تەلەپلىرىمۇ زور. بۇ ئەھۋال ئەلۋەتتە تىياترغا يېڭى ۋەزىپىلەرنى يۈكلىسە كېرەك.

رېژىسسيور. زامانىۋى تاماشىبىنلارنىڭ تەلەپ دەرىجىسىگە جاۋاپ بېرىش ھەر قانداق تىياترنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسىدۇر. بىز بۇ جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق ھەم ئاشۇرىۋاتىمىز.

مۇخبىر. مەسىلەن؟

رېژىسسيور. بىز ھەر بىر مەۋسۇمدە رېپېرتۇئارىمىزغا يېڭى ئەسەرلەر قوبۇل قىلىپ، ئۇنى سەھنىلەشتۈرۈشكە تىرىشىمىز. بۇ ژىلى تاماشىبىنلىرىمىز يازغۇچى- دراماتورگلار ئەخمەتجان ھاشىروۋنىڭ «دېخان»، مەسىمجان زۇلپىقاروۋنىڭ «ئىپەك گىلەم»، ھېزمەت ئابدۇللىنىڭ «چىن تومۇر باتۇر» پيەسىلىرى، شۇنىڭدەك تۇرسۇن قاھارىي بىلەن ئىسلامجان قاسىموۋلار يازغان «سەلەي چاققان» مۇزىكىلىق دراممىسى بىلەن يۈز كۆرىشىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن بىر- بىرىنى تەكرارلىمايدىغانلىغى ئۇلارنىڭ ئاملىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرسا كېرەك. «دېخان» دراممىسى دېخانلار ھاياتى، تەبىئەتنى ئاسراش ماۋزۇسىغا يېزىلغان بولسا، «ئىپەك گىلەم» گىلەم فابرىكىسىنىڭ ئىشچىلىرى ھاياتىغا بېغىشلانغان. ئەندى «چىن تومۇر باتۇر» ئەسەرى بولسا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ ناملىق كلاسسىك قىسسىسى ئاساسىدا يېزىلغان. «سەلەي چاققان» مۇزىكىلىق دراممىسى، خەلق ئىچىدىكى بەزىبىر يارامسىز ئادەت، قىلىقلارنى ئوتكۈر تىل، ئاچچىق كۈلكە بىلەن تەنقىت قىلىدىغان قىزىقچى سەلەي چاققانىڭ پانالىيىتى ئاساسىدا يېزىلغاندۇر.

بىز كلاسسىك سەھنە ئەسەرلىرىگىمۇ داۋاملىق مۇراجەت قىلىمىز. رېپېرتۇئارىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك داستانى ئاساسىدا يېزىلغان «غېرىپ- سەنەم»، قازاق خەلقىنىڭ كلاسسىك داستانى ئاساسىدا يېزىلغان «قىز جىبېك»، رۇس خەلقىنىڭ ئۇلۇق دراماتورگى ئوستروۋسكىنىڭ «ئەيىپسىز ئەيىپكار»، فرانسۇز دراماتورگى مالىېرنىڭ «پاراسەتسىز تەقسىر» قاتارلىق سەھنىلەردىن چۈشمەي كېلىۋاتقان ئەسەرلىرى بار.

مۇخبىر. قادىر! پېشقەدەم ئۇيغۇر ئارتىستلىرى قازاقىستان س س ر خەلق ئارتىستلىرى ئەخمەت شەمىيېۋ، روشەنگۈل ئىلاخۇنوۋا، مەخپىر باقىيېۋ ۋە باشقىلارنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى ئاجايىپ ماھىرلىقلىرى ھەممىگە مەلۇم. سەھنىدە چوڭ ئەۋلاتنىڭ ئىزىنى باسقۇچىلار- ياش ئارتىستلار ھەققىدە ئېيتىپ بەرسىڭىز؟

رېژىسسيور.- تاماشىبىنلارنىڭ ئۈستۈن تەلىۋىگە ئۆز دەرىجىسىدە جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن ئارتىست- كادىرلار مەسىلىسىگە جىددىي قاراش مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ جەھەتتىن تىياترىمىزدا ئىشلەيدىغان 108 ئادەمنىڭ 80 پروتسېنتى ئالىي ۋە مەخسۇس ئوتتۇرا بىلىملىك ئارتىست- كادىرلار ئېكەنلىگىنى مەغرۇرلۇق بىلەن تىلغا ئالىمىز. كېيىنكى ژىللار ئىچىدە ئالمۇتا تىياتر ئىنستىتۇتىنى تاماملىغان بىر توپ ئۇيغۇر ياشلىرى، تاشكەنتتىكى لۇناچارسكىي نامىدىكى تىياتر ئىنستىتۇتىنى تاماملىغان 15 ئۇيغۇر ياشلىرى تىياترىمىزغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. تىياتر سەنئىتىنىڭ ئەزەرىيەسىنى تولۇق ئوزلەشتۈرگەن، ئەمەلىيەت بىلەن ياخشى تونۇش بۇ ئالىي مەلۇماتلىق ياشلار ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئوز ماھارىتى بىلەن تاماشىبىنلار ئالقىشىغا سازاۋەر بولماقتا. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەزىز ئىسكەندەروۋ، ك. زاكىروۋ قاتارلىق ياشلارنىڭ باش روللارنى ئىجرا قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى بىزنى خوشال قىلماقتا.

مۇخبىر. قادىر راخىمباي ئوغلى! يېڭى مەۋسۇمدە ئۇيغۇر تىياترى كوللېكتىۋىغا يېڭى مۇۋاپپەقىيەتلەر تىلەيمىز. سەممىي سوھبىتىڭىز ئۈچۈن رەخمەت.

«مۇقامچى» سپېكتاكلىدىن كۆرۈنۈش.

چوقاندىن يادىكار

قازاق دالاسىدىكى تۇنجا موي قەلەم ماھىرلىرىنىڭ بىرى سېردالى بېكشورىنىنىڭ ئەۋلاتلىرى چوقان ۋەلىخانوۋ نامىنى ھورمەت بىلەن يادلايدۇ. شېۋچېنكو شەھرىدىكى ئولكە تونۇش مۇزېينىڭ خىزمەتچىسى ئا. سپانوۋ ماڭغىشلاقتىمۇ رەسسامنىڭ ئەۋلادلىرىنى تاپتى.

چ. ۋەلىخانوۋ 1860- ژىلى ئانىسىغا يازغان بىر خېتىدا پېتربۇرگتا ياش قازاق رەسسامى سېردالى بېكشورىن بىلەن تونۇشقانلىغىنى بايان قىلغان. چوقان ياش دوستىنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇستەقىللىقنى، ئازاتلىقنى سۆيۈش تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى كېيىنەرلىك دىندار ھوكۇمرانلار ژىغىپ، كۆيدۈرىۋەتكەن، ئۆزىگە ئوغا بېرىپ ئولتۇرگەن.

ئېچىنىشلىق تەغدىرگە مۇپتىلا بولغان رەسسامنىڭ ئەۋلاتلىرى بۈگۈنكى كۈندە بوۋىسى ئارمان قىلغان بەختلىك زاماندا ھايات كەچۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ئالىي مەلۇماتلىق.

بېكشورىنلاردا ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان بىر كۈمۈچ سائات بار. ئۇ ئەنئەنىگە ئايلانغان ئادەت بويىچە ئەڭ كىچىك ئوغۇلغا قالدۇرىلىدۇ. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ سائاتنى چوقان ۋەلىخانوۋ خوشلىشىش مەزگىلىدە سېردالى بېكشورىنگە سوۋغا قىلغان.

ياشلارنىڭ مەدەنىي دەم ئېلىشى

قارغالى سوكنو كومبىناتى- جامبۇل رايونىدىكى ئەڭ چوڭ سانائەت- كارخانىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ فابرىكىدا ئۈچ مىڭدىن ئوشۇق ئادەم ئىشلەيدۇ. بۇلارنىڭ كوپچىلىگى ياشلار. كومبىنات رەھبەرلىگى ياشلارنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى مۇۋاپىق پايدىلىنىشى، كۆڭۈللۈك ئوتكۈزۈشى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلماقتا.

بۇ يەردە ئۇزۇن ژىللاردىن بۇيان ئىشلەۋاتقان كومبىنات مەدەنىيەت ئويى يېنىدا قۇرۇلغان ياشلار بەدىي سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئومىگىنىڭ ئىشىنى ئالاھىدە ئاتاپ ئوتۇشكە ئەرزىيدۇ. ئومەك ئەزالىرى كومبىنات ئىشچىلىرىغا، يېزا ئاھالىسىغا دايىم كونسېرت قويۇپ، ئوز سەنئىتىنى نامايىش قىلىپ تۇرىدۇ. بەيرەم كۈنلىرىگە، ئەمگەك مەردانىلىرىنى ھورمەتلەك دەم ئېلىشقا ئۇزىتىش تەنتەنىلىرىگە ۋە باشقىمۇ مەرىكىلەردە كونسېرت كورسىتىش، سپېكتاكللار قويۇش، مىللىي ئويۇنلارنى ئويۇشتۇرۇش ئۇلارنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىگە ئايلانغان.

كومبىنات ئىشچىلىرى تەشكىللىك ھالدا سەياھەتلەرگە چىقىدۇ. ئۇلار ئالمۇتىدىكى تىياتر، سېرك، مۇزېي ۋە باشقا مەدەنىي دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا داۋاملىق بېرىپ تۇرىشىدۇ. بۇ تەدبىرلەرگە سەرىپ قىلىنغان خىراجەت ئىشچىلار ئويۇشمىسى تەرىپىدىن ئاجرىتىلىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغان ژىگىتلەر بىلەن قىزلار كومبىناتقا تەكلىپ قىلىنىپ، «مۇتەخەسسىسلىك ئاللاش» كەچلىرى ئوتكۈزىلىدۇ. بۇ ئىش ياشلارنىڭ ئوزلىرىگە مۇۋاپىق كەسىپ ۋە مۇتەخەسسىسلىكنى تاللاپ ئېلىشىغا، ۋە جەمىيەتكە پايدىلىق ئادەملەردىن بولۇپ يېتىلىشىگە، ئىناق ئائىلە قۇرۇشىغا ياخشى تەسىر كورسەتمەكتە. بۇ كۈنلەردە توقۇمىچىلىق كەسپىنى ئۆگىنىپ، ئابرويلۇق ئىشچىلاردىن بولغان قىزلارنى يۈزلەپ ساناشقا بولىدۇ.

قارغالى سوكنو كومبىناتى يېنىدا 311 ئورۇنلۇق تورت قەۋەتلىك ياتاقخانا بار. كورىكەم بېزەندۈرۈلگەن، قولايلىق بولمىلەرنىڭ ھەر بىرىدە 3-4 تىن قىز ياشايدۇ. ئۇ ئورۇن- كورپە، مېبل، خولودىلنىك، تېلېۋىزور ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇشقا ھاجەتلىك بۇيۇملار بىلەن تولۇق جابدۇقلانغان.

ياتاقخانىدا تۇرىدىغان ياشلار كومبىنات ئاشخانىسىدىن غىزالىنىدۇ. ئاشخانىدا تەييارلانغان مىللىي ئائاملار ھەم تەملىك ھەم ئەرزەندۇر.

بۇ يەردە سپورت ئىشلىرىمۇ ياخشى يولغا قويۇلغان. ۋولېيبول، باسكېتبول، فۇتبول ئويۇنلىرى بويىچە ياشلار ئارىسىدا مۇسابىقىلار ئوتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئەمۇنچى ئىشچىلار نامىدا مۇكاپاتلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئوتكۈزۈلىدىغان سپورت مۇسابىقىلىرىنى ئوتكۈزۈش ياشلارنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىگە ئايلانغان.

مەدەنىيەتلىك دەم ئېلىش، سپورت مەشغۇلاتلىرىغا قاتنىشىش ياشلارنىڭ ئۈستۈن روھلۇق، سالامەتلىگىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا ياخشى ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بەرمەكتە. بۇ بولسا سوۋېت خەلقىنىڭ ئورتاق بايلىقى بولغان جەمىيەتلىك ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ئىجابىي تەسىر قىلماقتا.

ئېرلان نۇرالىيېۋ.

ۋۇقۇرىدىكى سۈرەتتە: توقۇمىچى قىزلار ئوقۇش بولۇمىسىدە.

تەھرىر ھەيئىتى.

تەھرىراتنىڭ ئادرېسى: 480091، ئالمۇتا شەھىرى، فورمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار: 82-60-62، 85-43-62، 85-39-62. گېزىت- ژۇرنال نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئىندېكس 72877